# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
7
جۈمە
维吾尔文 8 月7日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25146 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 شەھەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى بىردەك كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىردەك كۆپىيىپ، ھاۋا سۈپىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاندى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز «كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى»نى باشلىغان ئۈچىنچى يىل، شەھەرلەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، PM2.5 قويۇقلۇقىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئېغىر بۇلغانغان كۈن سانى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى قاتتىق ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، 14 شەھەر، «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پوئىنت ۋە 4.1 پىرسەنت پوئىنت كۆپەيگەن؛ «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۇيتۇن ـ مايتاغ ـ شىخو» نۇقتىلىق رايوندىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ PM2.5 قويۇقلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.9% ۋە 8.9% تۆۋەنلىگەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم شەكلى. بەش يىللىق يىرىك پىلان تۈزۈش ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئىشىكنى ئېچىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانغا ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە تولۇق قوبۇل قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈش كېرەك.

دۆلىتىمىز 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشنى باشلايدۇ، نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانى تەكلىپىنى تەشكىللەپ تۈزۈۋاتىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە يىرىك پىلان تەكلىپىنى تۈزۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەر يېقىندا كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق كادىرلار، ئامما، مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتارلىقلاردىن «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان توغرىسىدا پىكىر ـ تەكلىپ ئالىدۇ.

## ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى يۈ شۆجۈن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈ شۆجۈن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى تېببىي مەمۇرىيەت ـ تېببىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ زۇڭجيۇ، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشتەك ئىرادە بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئىنتىزام، ئىستىلنى چىڭىتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

بىرىنچىدىن، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ كۈچەيدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى، جەزمەن چىشنى چىڭ چىشلەپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، چاقماقتەك چاققان بولۇپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى، دەل جايىدا بولۇشى، ئۈنۈملۈكلىكىنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى تيەنيۈەن خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتىنىڭ خەلقئارا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئامبىرى ۋە شىنجاڭ جۇڭخې زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت باغچىسى ئۈرۈمچى پارچە تۈرلۈك ماللار مەركىزىگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۈنۈمگە يېتەكچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر يۇقۇم مەزگىلىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار

# مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ چىقىلغان

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاڭ يۈلەن مۇنداق تونۇشتۇردى: 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



باغراشتا شوخلا پىشتى

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، لىق شوخلا قاچىلانغان ئاپتوموبىللاردىكى شوخلىلار سېتىشقا تاپشۇرۇلماقتا. نۆۋەتتە، باغراش ناھىيەسى مايسا يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈپ تىكىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۆستۈرگەن 15 مىڭ 500 مو شوخلا ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈش مەزگىلىگە كىردى. □ نيەن لېي فوتوسى

### شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 25.6% ئاشتى

# ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنىڭ سالمىقى بار بولدى كارخانا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئىلگىرىلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

موتور قۇراشتۇرۇش، كابىنكا قۇراشتۇرۇش، بالون قۇراشتۇرۇش، ماي ـ سۇيۇقلۇق قاچىلاش... ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخىدا، 100 نەچچە ئىش تەرتىپى ئارقىلىق، تەخمىنەن ھەر 12 مىنۇتتا بىر ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى قۇراشتۇرۇلۇپ لىنىيەدىن چۈشۈرۈلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باش نازارەتچىسى جۇ ۋېيجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولساقمۇ، لېكىن شىركىتىمىز ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش مىقدارىدا ئۇچقۇشسىز ۋە زىيەتتە ئىلگىرىلەپ، جەمئىي 3015 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 25.6% ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە يەتتى».

نەتىجىنىڭ ئارقىسىغا كۆپ تەرەپنىڭ يۆلەك قىلىپ مۇجەسسەملەنگەن. بۇ يىلنىڭ بېشىدا يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى خادىملارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى، ئىش ئورنىغا قايتىشى، خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، كۆچمە مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### تۈرلۈك چارە ـ ئامماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش ①

[ تەھرىر ئىزاھاتى ]

بۇ يىلدىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئېھتىياجنى ئۆلچەم قىلىپ ئۇدۇللاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامماللار بىلەن كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىز «تۈرلۈك چارە ـ ئامماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش» تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇلازىمەتنى تۆۋەنگە چۆكۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.